# يېقىنقى زامان ئىسلاهات هەرىكەتلىرى

ئومۇمىي مۇقەددىمە:

بۇ باپتا كۆزدە تۇتۇلىۋاتقان ئىسلاهات هەرىكەتلىرى سۈننىي ئەقىدىدىكى هەرىكەتلەر بولۇپ، ماهىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قۇرئان، سۈننەتنى چىڭ تۇتۇش، تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساهەلىرىدە ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاش ۋە سكولارىزمنى ياقلايدىغان ئېقىملارغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. بىراق بۇلار سەلەپلەرنىڭ مېتودىغا يېتىش يولىدا كىچىك، قوشۇمچە ئىشلارنى ئىسلاهاتنىڭ ئاساسى قىلىۋالغان.

بىز بۇ يەردە، هازىرقى زامان ئىسلاهات هەرىكەتلىرىدىن شەيخ مۇهەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاهابنىڭ سەلەپىييە چاقىرىقى، هىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئەهلى هەدىس جامائىتى، مىسىر ۋە سۇداندىكى سۈننەتى مۇهەممەدىييە ئەنسارلىرى جامائىتىنى تەتقىق قىلىپ چىقىمىز. بۇ هەرىكەتلەر بىر تەرەپتىن، سەلەپ ـ سالىهلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە قۇرئان، سۈننەتكە قايتىش ۋە تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساهەلىرى بويىچە ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك شەرەپلىك شەرئىي ئىشقا دەۋەت قىلسا، ئىككىنچى تەرەپتىن بىدئەت ۋە هاۋايى ـ هەۋەس ساهىبلىرىغا ۋە دىننى دۇنيادىن ئايرىۋېتىش پىكرىنى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن هەرىكەت قىلىۋاتقان مۇستەملىكىچى، هالال ـ هارامنى پەرقلەندۈرمەيدىغان سكولارىزمچى هەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. بو نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەهلى سۈننەت ۋەلجامائە تەرەپكە يۈزلىنىش ۋە سەلەپىييە ئەقىدىسىنى تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساهەلىرىدىكى يېگانە دائىرىگە ئايلاندۇرۇۋىدىغان ئويغاق ئىسلامىي ۋىجدان بەربا قىلىپ چىقىشنىڭ ئۈمىدى سۈپىتىدە، بۇ هەرىكەتلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئۆگۈنۈشنىڭ ئەهمىيىتى بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مانا بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ پىرقىلەرنىڭ دائىرىسىدىن چىقىشى ۋە ئىختىلاپنىڭ باسمىقىدىن ئازات بولۇشى ئۈچۈن يېگانە ئۈمىدتۇر.

بۇ پەسىلدە يەنە ئوخشاش مېتود بويىچە يېقىنقى زاماندىكى ئىسلاهات هەرىكەتلىرىدىن مۇهىم، دەپ قارىلىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار هەرىكىتى، هىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئىسلام جامائىتى، تۇنىستىكى ئىسلامىي يۈنۈلۈش (گۈللىنىش پارتىيىسى) هەرىكىتى، تۈركىيەدىكى مىللىي سالامەت پارتىيىسى، كۇردىستان ئىسلام پارتىيىسى، سۇداندىكى ئىسلام مىللەتچىلىك ئالدىنقى سېپى، پەلەستىندىكى هاماس تەشكىلاتى ۋە ئالجىرىيەدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سېپى قاتارلىق تەشكىلات ۋە پارتىيىلەر هەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ هەرىكەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ مېتودلىرى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ قاراشلىرىدا بىر قىسىم ئىجتىهادلار ئۇلارنى ئەهلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ماڭىدىغان بىرلىككە كەلگەن بىر مېتودقا يېتىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى غايىدىن چەتنىتىۋېتىدىغان مەسىلىلەرنىڭ مەركىزىگە ئەكىرىپ قويۇشى مۇمكىن.

www.munber.org